## 120175 ـ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ زياننى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلىش ياخشىمۇ ياكى ئۇنىڭغا سەۋر قىلىش ياخشىمۇ؟

### سۇئال

ئاللاھقا يالۋۇرۇپ زياننى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلىش ياخشىمۇ ياكى ئۇنىڭغا سەۋر قىلىش ياخشىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر،

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

زياننى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلسا بولىدۇ، بەلكى بۇنداق دۇئا قىلىش ياخشى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى ئاللاھدىن تېنچلىق، ئاپىيەتنى سوراشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «دۈشمەنگە ئۇچرىششنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئاللاھدىن تىنچلىق، ئاپىيەتنى سوراڭلار» [بۇخارى رىۋايىتى 7237– ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1742 ـ ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كېسەل يوقلىغان ۋاقىتتا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى قىيىنچىلىقنى كەتكۈزگۈچى، ئىنسانلارنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ! سېنىڭ شىپالىقدىن باشقا شىپالىق بولمىغان، قايتا كېسەل بولمايدىغان شىپالىق ئاتا قىلغىن.» [تىرمىزى رىۋايىتى3565–ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن.]

ئۇسمان بىن ئەبىل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدىنىدىكى بىر ئاغرىقتىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «بەدىنىڭدىن ئاغرىغان ئورۇنغا قولۇڭنى قويغىن ۋە ئۈچ قېتىم بىسمىللاھ دېگىن، يەتتە قېتىم: ئاللاھ بىلەن ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بەدىنىمدە تېپىلغان ۋە ئاگاھ بولغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىنىمەن، دېگىن دېدى» . [مۇسلىم رىۋايىتى 2202 ـ ھەدىس].

ئاللاھ تائالا ئۆز خەلقىنىڭ ئەڭ تاللانغان خەلقىنى زىكىر قىلدى، ئۇلار بولسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن، ئۇلار زياننى كۆتىرۋېتىشنى تىلەپ ئاللاھ تائالا دۇئا قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِي الضُّرُّ وَأَنْتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ . فَاسْتَجَبْنَا لَهُ تەرجىمىسى: «ئەييۇبنىڭ قىسسەسىنى بايان قىلغىن .(ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن دەپ دۇئا قىلدى. »

[سۈره ئەنبىيا- 83 ئايەت].

يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :وَذَا النُّونِ إِذْ ذَهَبَ مُغَاضِبًا فَظَنَّ أَنْ لَنْ نَقْدِرَ عَلَيْهِ فَنَادَى فِي الظُّلُمَاتِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنْ الظَّالِمِينَ . فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنْ الْغَمِّ وَكَذَلِكَ نُنْجِي الْمُؤْمِنِينَ تەرجىمىسى: «يۇنۇسنىڭ قىسسەسىنى بايان قىلغىن . (ئۆز ۋاقتىدا ئۇ) قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن (خاپا بولۇپ) شەھىرىدىن (چىقىپ كەتكەن ئىدى .ئۇ بىزنى )بېلىقنىڭ قارنىدا (ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ  قارنىدا) ، پەرۋەردىگارىم(  سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد) بەرھەق (يوقتۇر، سەن) جىمى كەمچىلىكلەردىن(پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن) ئۆز نەپسىمگە (زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم، دەپ نىدا قىلدى.» [سۈره ئەنبىيا- 87 ئايەت.]

لەبىيد بىن ئەئسەم يەھۇدىينىڭ پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا سېھىر قىلغانلىقى ئىسپاتلانغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى بۇ ئاپەتتىن ساقلاشنى تىلەپ  دۇئا قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:  بەنى زۇرەيق يەھۇدىيلىرىدىن بولغان لەبىيد بىن ئەئسەم دېگەن يەھۇدىي پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنى سېھىر قىلدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا قىلمىغان ئىش قىلغاندەك خىيال قىلىناتتى، ھەتتا بىر كۈنى ياكى بىر كېچىسى پەيغەمبەرئەلەيھسسالام دۇئا قىلدى ئاندىن يەنە دۇئا قىلدى ئاندىن يەنە دۇئا قىلدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:  ئى ئائىشە!  تۇيدىڭىزمۇ، مەن ئاللاھ تائالادىن سورىغان ئىشىمدا، ئۇ ئىش توغرىسىدا ماڭا خەۋەر بەرگەن، ھەدىسنىڭ ئاخىرغىچە.....

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ" :ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىستىكى، « ھەتتا بىر كۈنى ياكى بىر كېچىسى پەيغەمبەرئەلەيھسسالام دۇئا قىلدى ئاندىن يەنە دۇئا قىلدى ئاندىن يەنە دۇئا قىلدى» بۇ سۆز ئىنسان ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىشلارغا دۇچار بولغاندا ئاللاھ تائالاغا گۈزەل بىر شەكىلدە ئىلتىجا قىلىپ، تەكرار دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ."

بۇنىڭدىن شۇنى رۆشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ بالا-مۇسىيبەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا سەۋىر قىلىشنىڭ ئارىسىدا ھېچ زىتلىق يوقتۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بىزنى دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىگە يالۋۇرۇشقا بۇيرىدى، بىزنىڭ ئاللاھقا قىلغان دۇئايىمىز ئىبادەتتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :وَقَالَ رَبُّكُمْ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى (قوبۇل قىلىمەن )تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن» [سۈره غاپىر-60 ئايەت].

ئاللاھ تائالا بىزنى يەنە سەۋىر قىلىشقا بۇيرىدى ۋە سەۋىر قىلغانلىققا كاتتا مۇكاپات بېرىشنى ۋەدە قىلدى. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:   إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ  تەرجىمىسى : «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ» [سۈره  زۇمەر- 10 ئايەت.]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بولسا كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ بەك سەۋىر قىلغۇچى، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە بەك رازى بولغۇچى زات تۇرۇغلۇق قىيىنچىلىققا يولۇققاندا رەببىگە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى. مانا بۇ دۇئانىڭ سەۋرگە زىت كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى سەۋر دېگەن نەپسىنى ئاللاھنىڭ قازاي -قەدەرىگە ئىتىراز بىلدۈرمەسلىك، قارشى تۇرماسلىق ۋە ئۇنى ئۆچ كۆرمەسلىككە كۆندۈرۈش ۋە بېسىش دېمەكتۇر.

بۇ يەردە دۇئا بىلەن سەۋىردىن ئىبارەت بولغان ئىككى ئىبادەتنىڭ ئارىسىنى جۇغلاشتىن چەكلەيدىغان بىر چەكلىمە يوق، بەلكى بۇنداق قىلىش ئەڭ ياخشى ۋە مۇكەممەل بىر ئىشتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلغان. ئاللاھ تائالادىن بىزگە دىنىنى توغرا چۈشىنىدىغان چۈشەنچە ئىلھام قىلىشىنى سورايمىز .

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.